ئەسلي مەقسەتنى ئۇنتۇماي　بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# توققۇز يىل شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بەرگەنلىكىدىن پۇشايمان قىلماسلىق　چېگرا رايون ئۈچۈن ئۆز ھەسسىسىنى قوشۇشقا رازى بولۇش

## ـــ خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرى، قومۇل كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ جىخۇەي توغرىسىدا خاتىرە

يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر

□ ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز خاۋ جىلك

يازنىڭ ئوتتۇرىسىدا، قومۇل كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنىدە، دائىم بىر سىمانى كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ تومۇز ئىسسىققا قارىماي، شۆيۈەننىڭ ئوقۇتۇش بىناسى بىلەن قومۇل يۇشىن ئېنېرگىيە كەسپىي تەتقىقات يۇرتى ئارىسىدا ئالدىراش قاتراپ يۈرىدىغان ليۇ جىخۇەي ئىدى.

ليۇ جىخۇەي قومۇل كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى پارتكومىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر، خېنەن تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى داشۆسى زامانىۋى مائارىپ تېخنىكا مەركىزىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن مۇدىرى، ئالىي ئىنژېنېر، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - قېتىملىق مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى. ئۇ ئۇدا ئۈچ قېتىم شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كېلىپ، 6 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىدا «مەملىكەت بويىچە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتىكى ئىلغار شەخس» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

«بۇ يىل شۆيۈەن كېڭەيتىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى، يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 1200گە يەتتى، بىز تەتىل مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش تەييارلىق خىزمىتىنى مۇددەتتىن بۇرۇن باشلاپ، ئوقۇتۇش ھەم تاماق، ياتاق قاتارلىقلارنى بالدۇرراق ئورۇنلاشتۇردۇق؛ كەسىپ تەتقىقات يۇرتى بۆلۈملىرىنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ياندىش قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىش ھەم بېزەش خىزمىتىمۇ ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، شۇڭا بۇ تەتىلدە بىز بەك ئالدىراش» دېدى ليۇ جىخۇەي.

2010 - يىلى 12 - ئايدا، ليۇ جىخۇەي 7 - تۈركۈمدە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان كادىر بولۇش سۈپىتى بىلەن قومۇلغا يېڭى كەلگەندە، قومۇلنىڭ كەسپىي مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلگە توغرا كەلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىدە ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇددا چىقىرالمىسامۇ، ھەرگىزمۇ كۈنۈمنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەيمەن.» توققۇز يىل ۋاقىتتا، ليۇ جىخۇەي ساپ قەلبى بىلەن قومۇلنىڭ كەسپىي مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاپ، ھەرىكىتى ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان بىر كادىرنىڭ كەسپىنى قەدىرلەيدىغانلىقى ۋە ئۆزىنى بېغىشلايدىغانلىقىنى شەرھلەۋاتىدۇ.

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان مەزگىلدە، ليۇ جىخۇەي ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، قومۇل كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنىنىڭ يېڭى مەكتەپ رايونى قۇرۇلۇشى، دۆلەت ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئىسلاھات - تەرەققىيات بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش مەكتەپ قۇرۇلۇشى، خېنەن تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى داشۆسى بىلەن قومۇل كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى ھەمكارلىشىپ ئورتاق قۇرغان ئېنېرگىيە كەسپىي تەتقىقات يۇرتى قۇرۇلۇشىغا تەييارلىق قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە قاتناشتى.

2011 - يىلى، قومۇل كەسپىي تېخنىكا مەكتىپىدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئىسلاھات - تەرەققىيات بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، ليۇ جىخۇەي تەشەببۇسكارلىق بىلەن «رەقەملەشكەن مەكتەپ قورۇسى ئۆزگىچە تۈرى» قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئەينى چاغدا كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى كەمچىل بولغاچقا، ئۇ ھەم لايىھە تۈزدى، ھەم تەشكىللەپ يولغا قويدى. ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، 12 تارماق تۈر، ھەربىر تۈرنىڭ ھەممىسىدە تەھلىل قىلىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، لايىھە لايىھەلەش، مۇتەخەسسىسلەر دەلىللەش، خېرىدار چاقىرىشقا قاتنىشىش، توختام ئىمزالاش، قۇرۇلۇشنى ماسلاشتۇرۇش، خۇلاسىلەش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش قاتارلىقلار ئېلىپ بېرىلىپ، ليۇ جىخۇەي جەمئىي 500 نەچچە مىڭ خەتلىك تۈرلۈك لايىھەلەش لايىھەسى، خېرىدار چاقىرىش ھۆججىتى، يولغا قويۇش لايىھەسىنى تەييارلاپ، تۈزۈپ چىقتى. «مەن ليۇ مۇئاۋىن مۇدىرنىڭ كەسپىنى قەدىرلەش روھىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندىم» دېدى قومۇل كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى ئۇچۇر تورى مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ نا.

جاپالىق ئەجىر بەدىلىگە مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، 2014 - يىلى، ئىقتىدارى ئەلا، شىنجاڭ ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، مەملىكەت ئىچىدىكى ئوخشاش ئالىي مەكتەپلەر ئىچىدە ئىلغارلار قاتارىدا تۇرىدىغان بىر رەقەملەشكەن مەكتەپ قۇرۇلدى. شۇ يىلى 6 - ئايدا، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى بولغان قومۇل كەسپىي تېخنىكا مەكتىپىنىڭ دەرىجىسى ئۆتكۈشلۈك ھالدا قومۇل كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنىگە ئۆستۈرۈلدى.

ئالىي كەسپىي شۆيۈەنگە ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ تېخىمۇ يۇقىرى، تېخىمۇ قاتتىق بولدى. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ليۇ جىخۇەي «ئۆگىتىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش» رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، سەككىز تېخنىك خادىمنىڭ كەسپىي سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بەردى. ئۇ يەنە شۆيۈەندىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان بارلىق كادىرلاردىن دەرس ئۆتۈش، ئۈلگە كۆرسىتىش، ئەمەلىي مەشغۇلات قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تېخنىكىسى، ئىدىيەسىنى يەرلىك ئوقۇتقۇچىلارغا ئۆگىتىشنى تەلەپ قىلدى. ليۇ جىخۇەينىڭ ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتەكلىشى بىلەن، ئون كەسپىي ئوقۇتۇش كوللېكتىپى قۇرۇلۇپ، شۆيۈەن ئۈچۈن ساپاسى مۇكەممەل ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ۋە تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرى قوشۇنى يېتىشتۈرۈلدى.

«شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار خېنەن بىلەن قومۇلنىڭ ئالاقىلىشىشىدىكى كۆۋرۈك ۋە تۈگۈن بولۇشى كېرەك.» ليۇ جىخۇەي شۇنداق دېدى ھەم شۇنداق قىلدى. قومۇل كەسپىي تېخنىكا مەكتىپىگە يېڭى كەلگەندە، مەكتەپتە ماگىستىر ئاسپىرانتلىق ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ئوقۇتقۇچىدىن ئاران بەشى بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ئەۋەتكەن ئورۇن خېنەن تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى داشۆسىنى قومۇل كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنىگە جىددىي ئېھتىياجلىق كەسپىي ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ئوقۇتقۇچىدىن 23نى، قۇرۇلۇش ماگىستىرىدىن 15نى يېتىشتۈرۈپ بېرىشكە، قىممىتى 600 مىڭ يۈەنلىك ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىسى بىلەن تەمىنلەشكە ماسلاشتۇردى. ئارقىدىن، يەنە قومۇل كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنىدە خېنەن تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى داشۆسىنىڭ سىرتتىن ئوقۇتۇش پونكىتىنى تەسىس قىلىپ، 2015 - يىلدىن باشلاپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. ليۇ جىخۇەي يەنە ھەر تەرەپتىن دوكتور، پروفېسسورلارنى قومۇل كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنىگە كېلىپ تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە سۆزلەش، مەخسۇس تور بېكەتنى ياساش قاتارلىقلارغا ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ، شۆيۈەننىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بەردى.

قومۇل شەھىرىدە قېزىلما بايلىق مول، لېكىن ئېنېرگىيە تەتقىقات ئاپپاراتى يوق ئىدى، بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ليۇ جىخۇەينىڭ تىرىشچانلىقىدا، خېنەن تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى داشۆسى بىلەن قومۇل كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى ھەمكارلىشىپ ئورتاق قۇرغان قومۇل يۇشىن ئېنېرگىيە كەسپىي تەتقىقات يۇرتى 2014 - يىلى رەسمىي قۇرۇلدى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مەبلىغىدىن 41 مىليون يۈەن سېلىندى. بۈگۈنكى كۈندە، كەسپىي تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتتى، يۈرۈشلۈك ئەسلىھەلەرنى بېزەش تاماملانغاندىن كېيىن ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ.

«قومۇلدا ۋاز كېچەلمەيدىغان ئىشلىرىم بار. مەكتەپ قۇرۇلۇشى بىردەملىك ئىش ئەمەس، رەقەملەشكەن مەكتەپ قورۇسى خاس تۈرى باشلىنىش باسقۇچىدا تۇرماقتا، ئېنېرگىيە كەسپىي تەتقىقات يۇرتى قۇرۇلماقتا... خۇددى بىر بالىنى بېقىپ چوڭ قىلغانغا ئوخشاش، ئۇنىڭ قانىتى تېخى يېتىلمىگەن تۇرسا، مەن ئايرىلىشقا قانداقمۇ قىيالايمەن.» ئۈچ قېتىملىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ باش - ئاخىرى تىلغا ئېلىنغاندا، ليۇ جىخۇەي سەل ھاياجانلاندى.

توققۇز يىل شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىپ، ئائىلىسىدىكىلەردىن ئايرىلىپ تۇردى. لېكىن شۆيۈەننىڭ بۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلىرىنى كۆرۈپ ليۇ جىخۇەي ئۆزىنىڭ تۆلىگەن بەدىلىنىڭ ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. «ئۆزۈمنىڭ قومۇل كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنىڭ تەرەققىيات جەريانىغا ھەسسە قوشۇپ، بالىلارنى مەكتەپتە ياخشى تەربىيەگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارغا ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش، جەمئىيەتكە ئۆزىنى بېغىشلاش، خەلققە بەخت يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرەلىگەنلىكىمنى ئويلىسام، ئۆزۈمنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش يولۇم ئىنتايىن مول مەزمۇنلۇق بولدى دەپ قارايمەن» دېدى ليۇ جىخۇەي.

# ئەسلي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش، مەڭگۈ كۆرەش قىلىش مەنىۋى كۈچىنى قوبۇل قىلىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندىن ئىلگىرى، يىغىنغا قاتنىشىدىغان يولداشلار پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى. پارتگۇرۇپپا ئەزالىرى يىغىندا پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئۆزلۈكسىز ئۆزلەشتۈرۈش داۋامىدا ئەسلي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش، مەڭگۈ كۆرەش قىلىش مەنىۋى كۈچىنى قوبۇل قىلىپ، غايە - ئېتىقادنى چىڭىتىپ، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، خەلققە بولغان مېھىر - مۇھەببەتنى چىڭ ساقلاپ، جاسارەت بىلەن مەسئۇلىيەتچان بولۇپ نەتىجە يارىتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم كۆرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەسلي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش كېرەك. پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى ئۆگىنىشنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «ئەسلي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»قا بولغان تونۇش ۋە چۈشىنىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېتىقادقا سادىق بولۇشنى ئۆگىنىپ چىقىپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى ئۆگىنىپ چىقىپ، پاك - دۇرۇس بولۇشنى ئۆگىنىپ چىقىپ، تارىخنى بىلىپ پارتىيەنى سۆيۈش، تارىخنى بىلىپ ۋەتەننى سۆيۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، پارتىيەنىڭ غېمىنى يېيىش ھېسسىياتىنى، پارتىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى، پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىرادىسىنى دائىم قەلبىگە پۈكۈش كېرەك. پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان بولۇشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇش كېرەك. ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشتا گەۋدىلەندۈرۈپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ كۈندىلىك سۆز - ھەرىكىتىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، باشلامچىلىق بىلەن سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇتلەق سادىق بولۇشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇش، باشلامچىلىق بىلەن قاتتىق تەلەپ قويۇپ، پاك - دۇرۇس بولۇشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇش، باشلامچىلىق بىلەن بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، مەسئۇلىيەتچان بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇش كېرەك. پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقى روھىنىڭ يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى تولۇق، توغرا ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ چوڭقۇر ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، قەتئىي ھالدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى توغرا ھۆكۈمى ۋە شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى ئىلمىي ئورۇن بەلگىلىشىگە ئاساسەن، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «بەشتە چىڭ تۇرۇش»نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش، ئۆستۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇش» سەككىز خەتلىك فاڭجېننى زىچ چۆرىدەپ، «ئۈچنى تۈگىتىش، بىرنى تۆۋەنلىتىش، بىرنى تولۇقلاش» نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1+3+3+ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش»نى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ - خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش كېرەك.

# ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنىڭ تۆۋەنلىتىلىشى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلارنىڭ 2 مىليارد 842 مىليون يۈەن يۈكىنى يېنىكلەتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇنىڭدىن سىرت، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ۋە ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى ھەققى نىسبىتىنى باسقۇچ خاراكتېرلىك تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى 2020 - يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە ئۇزارتىپ، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى بىرلىك ھەق تاپشۇرۇش نىسبىتىنى 2%تىن 0.5%كە تۆۋەنلىتىدۇ، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى ھەققى نىسبىتىنى فوند چىقىم ئەھۋالىغا ئاساسەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 20%تىن 50%كىچە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تۆۋەنلىتىدۇ. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىل 1 - ئايدىن 7 - ئايغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى بويىچە كارخانىلارنىڭ جەمئىي 920 مىليون يۈەن يۈكى يېنىكلىتىلگەن، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى بويىچە كارخانىلارنىڭ جەمئىي 182 مىليون يۈەن يۈكى يېنىكلىتىلگەن.

«كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ھەققىنى تۆۋەنلىتىش بىلەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ ھەققىنى باسقۇچ خاراكتېرلىك تۆۋەنلىتىش سىياسەتلىرى گىرەلىشىپ، يۈكنى يېنىكلىتىش سالمىقى كۆرۈنەرلىك ئاشتى.» ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى باشقارمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى سۈن جەنشۆنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، 7 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتى كارخانىلارغا 2 مىليارد 842 مىليون يۈەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى ئاز تاپشۇرغۇزۇپ، كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتكەن. بەزى كارخانىلار يۈك يېنىكلىتىلىپ تېجەپ قېلىنغان مەبلەغنى مۇھىت ئاسراش قۇرۇلۇشى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىنى ئۆستۈرۈش، ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش، بازار ئېچىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىپ، ھەق تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنىڭ پايدىسىنى ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرغان.

ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىتىلىشى كارخانىلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سۇغۇرتىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، يېقىنقى ئۈچ ئايدا، ئاپتونوم رايوندىكى كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىدىن ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلارنىڭ سانى سىجىل ئېشىپ، 7 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 3 مىليون 50 مىڭ كىشىگە يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغان.

«بىز ئىجتىمائىي سۇغۇرتا بېجىرگۈچى ئاپپاراتلاردا يېشىل يول ئېچىپ، ھەق تۆۋەنلىتىش تەپسىلىي جەدۋىلى بىلەن تەمىنلەپ، سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئورۇنلارغا يۈكنى يېنىكلىتىش ھېساباتىنى قىلىپ بېرىپ، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق» دېدى سۈن جەنشۆ.

# ئاپتونوم رايونىمىز شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق جاھىل كېسىلىنى «ئوپېراتسىيە» قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

«ئەسلي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت بۇ كىرىش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، باشلامچىلىق بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىن تۈرتۈش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈش، باھالاش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى قاتارلىقلارنى تۈزۈپ، قەتئىي ھالدا شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق جاھىل كېسىلىنى «ئوپېراتسىيە» قىلدى.

«مەركەزنىڭ ئالاقىدار تەلەپلىرىگە سېلىشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ‹شەكىلۋازلىقتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش توغرىسىدىكى 20 تۈرلۈك تەدبىر›گە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى تۈگىمەس ھۆججەت ۋە ئۈزۈلمەس يىغىننى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى پۇختا قانات يايدۇردى.» ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم قانۇن - نىزام ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋېن جىشياڭ مۇنداق دېدى: «تارقىتىش ھاجەتسىز بولغان ھۆججەتلەرنى قەتئىي تارقاتماسلىق، ياندىش ھۆججەتلەردە ئەمەلىي ئىش قىلىنىدىغان، ئۈنۈملۈك بولغان ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك، مەركەزنىڭ ھۆججىتىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىش، ‹گەپ شاخلىتىش› ئېغىر بولغانلىرىنى قەتئىي ئۆزگەرتىشكە قايتۇرۇپ، ھۆججەت سانىنى ھەقىقىي ئازايتىپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، پارتكوم بەنگۇڭتىڭىنىڭ نامىدا بېسىپ تارقىتىلغان ھۆججەت سانى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن زور دەرىجىدە ئازايدى».

نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈش، باھالاش زىيادە كۆپ بولۇش، زىيادە تەكرار بولۇش، زىيادە ئىز قالدۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق تارماقلار پىلان ئىچىدىكى ئىشلارنى ئىشتىن بۇرۇن مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇش، ئىشتىن كېيىن دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، توپلىۋېلىپ قانات يايدۇرۇش، ئۆزگەرتىپ قانات يايدۇرۇشتىن ساقلاندى، پىلان سىرتىدىكى تەستىقسىز قانات يايدۇرۇلغان ئىشلارغا قارىتا، بايقىغان ھامان دەرھال توختىتىپ سۆھبەتلىشىشكە چاقىرتىپ، قايتا باش كۆتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك 2019 - يىللىق نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈش، باھالاش ئىش تۈرى 39 تۈر، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈش، باھالاش ئىش تۈرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16 تۈر بولدى... نىشان - ۋەزىپە تۈرلىرىنىڭ بىر - بىرلەپ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ زۆرۈر بولمىغان خىزمەت يۈكى زور دەرىجىدە يېنىكلەپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەلنى غەمدىن خالاس قىلىشتىكى ۋاقتى، زېھنى تېخىمۇ مەركەزلىشىپ، ئاممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.